# 49025 - پەرۋەردىگارلىقتىكى بىرلىكنىڭ ھەقىقى مەنىسى ، ھەمدە ئۇنىڭغا قارشى چىققۇچىلار

## سوئال

پەرۋەردىگرلىقتىكى بىرلىكنىڭ ھەقىقى مەنىسى نىمە ؟

## تەپسىلى جاۋاپ

مەدھىيە ئاللاھقا بولسۇن ، ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭ ئەلچىسىگە بولسۇن .
پەرۋاردىگارلىقتىكى بىرلىكنىڭ مەنىسى : ئاللاھ ئۆزىنىڭ ئىش -ھەركەتلىرىدە ، مەسلەن : يارىتىش ، پادىشاھلىق ، ئىشلارنى باشقۇرۇش ، رىزىق بىرىش ، ھاياتلىق بىرىش ۋە ئۇنى ئىلىش ، يامغۇر ياغدۇرۇش قاتارلىقلاردا بىر ۋە يالغۇزدۇر دەپ ئىتراپ قىلىش .بىر ئادەمنىڭ تەۋھىدى ، ئۇ ئاللاھ – پەرۋاردىگار ، پادىشاھ ، ياراتقۇچى ، بارلىق نەرسىلەرگە رىزىق بەرگۈچى ، ھاياتلىق ۋە ئۆلۈمنى بەرگۈچى ، پايدا ئىلىپ كەلگۈچى ۋە زىيان سالغۇچى ،دۇئا قىلغۇچىلارغا جاۋاپ بەرگۈچى بىردىنبىر زات ،بارلىق ئىشلارنى باشقۇرغۇچى ، بارلىق ياخشىلىق ئۇنىڭ قولىدا ، نىمنى خالىسا شۇنى قىلالايدىغان زات، بۇ تەقدىرگە ،ئۇنىڭ ياخشى ۋە يامان ھەر ئىككىلىسىگە ئىشىنىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ، دەپ ئىتراپ قىلمىغۇچە ، مۇكەممەل بولمايدۇ .
ئۆزلىرىگە ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئەۋەتىلگەن مۇشرىكلار تەۋھىدنىڭ بۇ تەرىپىگە قارشى چىقمىدى ، بەلكى ئۇلار ئومۇمى جەھەتتىن ئۇنى ئىتراپ قىلدى، ئاللاھ ئىيتقاندەك :
« ئەگەر سەن ئۇلاردىن: **«ئاسمانلار ۋە زېمىننى كىم ياراتتى»** دەپ سورىساڭ، ئۇلار: **«ئەلۋەتتە ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى (اللّٰه ) ياراتتى»** دەيدۇ .»
[ ئالتۇن بىزەكلەر <زۇخرۇف> :9 ] .
ھەمدە ئۇلار ئاللاھنىڭ بارلىق نەرسىلەرنى تىزگىنلەپ تۇرىدىغانلىقىنى ، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى ئۇنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنى ئىتراپ قىلدى .شۇنىڭ بىلەن مەلۇم بولدىكى ، ئاللاھنىڭ پەرۋەردىگارلىقىنى ئىتراپ قىلىش بىر ئادەمنىڭ يىتەرلىك مۇسۇلمان بولىشىغا يىتەرلىك ئەمەس ، ئۇنىڭ تەقەززاسى بولغان ئاللاھنىڭ ئىلاھلىقتىكى بىرلىكنىمۇ ھەم ئىتراپ قىلىشى ھەمدە ئىبادەتنى پەقەت ئاللاھقىلا بىغىشلىشى كىرەك .
بۇ تەۋھىد – يەنى ، پەرۋەردىگارلىقتىكى بىرلىك – ئادەم ئەۋلادلىرىنىڭ ھىچ قايىسسى تەرىپىدىن ئىنكار قىلىنمايدۇ . ھىچكىم دۇنيادا ئوخشاش ئىككى ياراتقۇچى بار دىمەيدۇ . پىرئەۋندىن باشقا ھىچكىم پەرۋەردىگارلىقتىكى بىرلىك ئىددىيسى بىلەن مۇنازىرلەشمىدى ،پىرئەۋن ئۇنى تەكەببۇرلۇق ۋە جاھىللىق بىلەن ئىنكار قىلغان ھەمدە ئاللاھ ئۇنىڭغا لەنەت قىلسۇن- ھەتتا پەرۋەردىگار دەپ دەۋا قىلغان . ئاللاھ ئۇنىڭ سۆزىنى نەقىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ :

« دېدى: **«مەن سىلەرنىڭ بۈيۈك پەرۋەردىگارىڭلار بولىمەن»** . » [ تارتىپ ئالغۇچىلار <نازئىات >: 24 ] .
**«مەن ئۆزەمدىن باشقا يەنە بىر ئىلاھنىڭ بارلىقىنى بىلمەيمەن. »** [ ھىكايىلەر <قەسەس> : 38 ] .
بۇ ئۇنىڭدىكى تەكەببۇرلۇقتىن ئىدى ،چۈنكى ئۇ پەرۋەردىگار ئۆزىدىن باشقا بىرى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى . ئاللاھ ئىيتقاندەك :
**«ئۇلار ئۇ ئايەتلەرنى ئىچىدە ئېتىراپ قىلدى، لېكىن ئۇلار ئۇنى زۇلۇم ۋە تەكەببۇرلۇق قىلىش يۈزىسىدىن ئىنكار قىلدى. »** [ چۈمۈلىلەر <نەمل> : 14 ] .
ھەمدە ئاللاھ مۇسانىڭ ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلەشكەن چاغدىكى ئەھۋالنى بىزگە خەۋەر قىلىدۇ :
« مۇسا: **«(ئى پىرئەۋن!) بۇلار (يەنى توققۇز مۆجىزە) نى پەقەت ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پەرۋەردىگارى (مېنىڭ راستلىقىمنى ئىسپاتلايدىغان) دەلىل قىلىپ نازىل قىلغانلىقىنى سەن (گەرچە تىلىڭدا ئىقرار قىلمىساڭمۇ دىلىڭدا ئەلۋەتتە) ئوبدان بىلىسەن،»**
[ ئىسرائىل ئەۋلاتلىرى < بەنى ئىسرائىل > : 102 ] .
شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بىردىنبىر پەرۋەردىگار -ئاللاھ ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن .
ئوخشاشلا ، مەجۇسىلار <زوروئاستىرىيانلار> دۇنيادا ئىككى ياراتقۇچى - قاراڭغۇلۇق ۋە يورۇقلۇق بار دەپ پەرۋەردىگارلىقتىكى بىرلىك ئىددىيسىنى ئىنكار قىلدى .لېكىن ئۇلار بۇ ئىككى ياراتقۇچى - تەڭ دەپ قارىمىدى ، بەلكى ئۇلار يورۇقلۇق قاراڭغۇلۇقتىن ياخشى ، چۈنكى ئۇ ياخشىلىقنى يارىتىدۇ،قاراڭغۇلۇق يامانلىقنى يارىتىدۇ ،ھەمدە ياخشىلىقنى ياراتقۇچى يامانلىقنى ياراتقۇچىدىن ياخشى بولىدۇ .چۈنكى ،قاراڭغۇلۇق مەۋجۇت ئەمەس ۋە يورۇقلۇق چىقارمايدۇ ،يورۇقلۇق بولسا مەۋجۇت ھەمدە يورۇقلۇق چىقىرىدۇ ،شۇڭا ئۇنىڭ زاتى تېخىمۇ مۇكەممەل ، دىدى .
مۇشرىكلار پەرۋەردىگارلىقتىكى بىرلىكنى ئېتراپ قىلدى دىگەنلىك ئۇلار ئۇنى شۇنداق مۇكەممەل دەرىجىدە قىلدى دىگەنلىك ئەمەس . بەلكى ئۇلار ئاللاھ يۇقارقى تىلغا ئېلىنغان ئايەتلەردە بىزگە ئىيتقىنىدەك ئۇنى ئومۇمى مەنە جەھەتتە ئېتراپ قىلدى .
بىراق ئۇلارنىڭ ئېتقادلىرىدا بۇ ئۇقۇمنى ئا جىزلاشتۇرۇۋېتىدىغان خاتالىقلار بار، مەسىلەن : يامغۇرنى يۇلتۇزلارغا مەنسۇپ قىلىش، ئۇلارنىڭ پالچىلار ،سېھرىگەرلەر كۆرۈنمەسلەر<غەيىپ> نى بىلىدۇ دەپ ئېتقاد قىلىشى ،ۋە باشقا ئاللاھنىڭ پەرۋەردىگارلىقى توغرىسىدىكى شىرىكلەر. بىراق بۇ خاتالىقلار ئۇلارنىڭ ئىلاھلىقتىكى بىرلىك ۋە پەقەت ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىش ھەققىدىكى ناتوغرا ئېتقاتلىرىغا سىلىشتۇغاندا چەكلىكتۇر.
بىز ئاللاھتىن تاكى ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكىچە ئۇنىڭ دىنىدا مۇستەھكەم تۇرغۇزىشنى سورايمىز .ھەمدە ئاللاھ ئەڭ ئوبدان بىلىدۇ .
**«( تيسير العزيز الحميد /33 ، والقول المفيد 1/ 14 ). غا قاراڭ .»**